ئوقۇيدىغان كىتابلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن.
بۇ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان رومان.
بىزنىڭ سىنىپتا ئىنگلىزچە بىلىدىغان ساۋاقداشلار ئاز ئەمەس.

پوقنا چالما ئاتساڭ، ئۆزەڭگە چاچرار. (ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

**كۆنۈكمە**

1- تۆۋەندىكى پېئىللارنى سۈپەتداشقا ئۆزگەرتىڭ.

| | | |
|---|---|---|
| تەئەججۈپلەن - | چاچ - | ئالدىر - |
| قوزغا - | ئۆت - | سەز - |
| باغلا – | يە - | خالا - |
| سۆرەت - | ئاڭلا - | قۇتقۇز – |
| بىرلەشتۈر - | چۈشەنمە - | ئۆتكۈز - |

2- تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىڭ.

① ماتېرىياللار ئاساسەن كونا، كېرەكسىز نەرسىلەر ساقلىنىدىغان ئامباردىن ئېلىندى.

② ماتور ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ رەسمىي سىنايدىغان ۋاقىتتا چاتاق چىقتى.

③ ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان، ئويناشنىلا بىلىدىغان بالا ياخشى بالا ئەمەس.

④ئەنۋەر تولىمۇ تېز ۋە چاققانلىق بىلەن پىچاق كۆتۈرگەنىنىڭ چاتىرىقىغا قاتتىق بىرنى تەپتى.

⑤ ئەركىن ماشىنىسىنى يولدىن پەسكە ھەيدەپ چۈشۈپ، كۆيۈۋاتقان ماشىنىنىڭ ئۇدۇلىغا كەينىنى توغرىلاپ توختاتتى.

⑥ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان شالى خۇددى سۇ پۈركەش ماشىنىسىدىن چىقىۋاتقاندەك، يۈزلىرىمگە زەرب بىلەن چاچراشقا باشلىدى.

⑦ ئۇلار قىلالايدىغان ئىشنى بىزمۇ قىلالىشىمىز كېرەك.

⑧ بېچارە قاسىم بوۋاينىڭ بارار جايى يوق ئىدى.

⑨ تۈركىيىنىڭ يېڭىملەس ئارمىيىسى بار.

⑩ ئۇرۇشتا ئەڭ ئاخىرقى غەلبە قورقماس تەرەپكىلا مەنسۇپ.

كۆرۈنگەن دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ.

بۇ خىل سۈپەتداشلار يەنە سۈپەتكە ئوخشاش ئىسىملىشىپ ئىسىمنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ ھەم جۈملىدە ئىسىمغا ئوخشاش ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇ قانچە كۈن ماڭغىنىنى ئەسلىيەلمىدى.

كېچە - كۈندۈز ئىشلىگەنلىرىم بىكار كەتمەس؟

سۈپەتداشنىڭ بۇ خىل شەكلىنىڭ ئىش - ھەرىكەتنىڭ داۋاملىشۋاتقانلىقىنىمۇ بىلدۈرىدىغان شەكلى بار. مەسىلەن:

ئۆتۈۋات + قان ← ئۆتۈۋاتقان يېزىۋات + قان ← يېزىۋاتقان

ئوقۇۋات + قان ← ئوقۇۋاتقان قوپۇۋات + قان ← قوپۇۋاتقان

ھەسەن بىلەن سۆزلىشىۋاتقان كىم؟

لېتىپ مۇئەللىم يېزىۋاتقان ماقالە مۇشۇ.

كەتمەنلىرىنىڭ سېپىغا تايىنىپ جىمىپ كەتكەن دېھقانلار بىر - بىرىگە تەئەججۈپ بىلەن تىكىلگىنىچە، چاڭ - توزان ئارىسىدا غىل - پال كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان يېشىل پىكاپقا قارىغىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى.



② پېئىل يىلتىزى ياكى ئۆزىكىگە « - ار، - ەر، - ر» ، « - ماس، - مەس » قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل سۈپەتداشلار جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى، بەزىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بار + ار ← بارار قورق + ماس ← قورقماس

كەت + ەر ← كېتەر ئىگىل + مەس ← ئىگىلمەس

بارار جايىم يوق.

بۇ ماشىنىدىكى كۆمۈر بەش تونىنا كېلەر.

يېڭىلمەس ئارمىيىمىز بار.

قورقماس باتۇرلارغا ھەر زامان ئېھتىياجىمىز بار.

③ پېئىل ئۆزىكىگە « - يدىغان، - ىدىغان » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ ھەم جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ياز + ىدىغان ← يازىدىغان دە + يدىغان ← دەيدىغان

ئىشلە + يدىغان ← ئىشلەيدىغان بارما + يدىغان ← بارمايدىغان

ئالىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بولدۇق.

| | |
|---|---|
| تۈرلۈك | Çeşitli |
| شۇنچىلىك | Bu kadar |
| تەجرىبە | deneyim |

## گراماتىكا

### سۈپەتداش

پېئىلنىڭ تۈرلىنىش ئارقىلىق سۈپەت ئىقتىدارىغا ئىرىشىپ، جۈملىدە سۈپەتكە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان گراماتىكىلىق شەكىللىرى سۈپەتداش، دەپ ئاتىلىدۇ.

سۈپەتداشلار تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

① پېئىل يىلتىزى، پېئىل ئۆزىكى ۋە پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرىگە « - غان، - قان، -گەن، - كەن » قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| كەت + كەن ← كەتكەن | تۇت + قان ← تۇتقان |
| تۇت + قان ← تۇتقان | بار + غان ← بارغان |
| كۆرمە + گەن ← كۆرمىگەن | ئىچمە + گەن ← ئىچمىگەن |
| يازما + غان ← يازمىغان | يىغلىما+ غان ← يىغلىمىغان |

پەردە ئېچىلىش بىلەن بېشىغا ئۇچلۇق كۇلا كىيگەن، گەدىنىگە ئۆچكە چۈپۈرلىرى چاپلانغان، پېشانىسىغا كوكۇلا چاچ قىستۇرۇپ، غەلىتە كۆرۈنۈشلۈك قارا ساقال تاقىغان پېرىخۇن خەنجىرىنى شاراقلىتىپ سەھنىگە چىقتى.

ئاخشام ئەزىمەت يەنە كەمەرلىرى كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان كۈل رەڭ شىمىنى ئېلىپ كەلدى.

ئۇنىڭ بۇ ھالى بامدات نامىزىغا ئولتۇرغان ئانىسىنى تەئەججۈپلەندۈردى.

قاسىم يازغان ئىلمىي ماقالىنى كۆردۈڭلارمۇ؟

بۇ خىل سۈپەتداشلار « ئىدى، ئىكەن، ئىمىش » قاتارلىق باغلامچى پېئىللار بىلەن بىرىكىپ خەۋەر بولغاندا، خەۋەر رايىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنى كۆرگەنىدىم.

بۇ كىتابنى ئۇنىڭدىن ئالغانىكەنمەن.

بۇ خىل سۈپەتداشلار جۈملىدە ئاساسەن ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

قىپقىزىل گىلەملەر سېلىنغان ئۆيگە كىرىپ كەلدىم.